سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

# ئادىللىق، ھەققانىيلىقنىڭ قوغدىغۇچىسى

## —— شىخەنزە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ پېنسىيەگە چىققان تەپتىش ئەمەلدارى جاڭ بياۋ توغرىسىدا خاتىرە

ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى

□ مۇخبىرىمىز جېڭ جۇ

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» شەرىپىگە ئېرىشكۈچى جاڭ بياۋ سەممىيلىك بىلەن مۇنداق دېدى: «مەن پەقەت بىر تەپتىش ئەمەلدارى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە - مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنىلا ئادا قىلدىم».

سىياسىي - قانۇن خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، جاڭ بياۋ باشتىن - ئاخىر «جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى قوغداش»تەك ئەسلى مەقسىتىنى ساقلاپ، قىلچىمۇ بېپەرۋالىق قىلمىدى.

### ■ دېلو بېجىرگەندە ئاخىرغىچە ئىزدىنىش

جاڭ بياۋ بىلەن بىللە ئىشلەپ باققان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى بىلىدۇ: ئۇ مەيلى قانداق ئىش بولسۇن ئاخىرغىچە ئىزدىنەتتى، دېلونى يوچۇق قالدۇرماي بېجىرەتتى.

1980 - يىلى جاڭ بياۋ تەپتىش ئورگىنىغا كىرىپ خىزمەت قىلدى، ئاساسىي قاتلامدا بىر ئىشلىگىنىچە 30 نەچچە يىل ئىشلىدى. شىخەنزە خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تۈرمە - سولاقخانا تەپتىش بۆلۈمىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە، جاڭ بياۋ قاماقتىكى نەچچە مىڭ كىشىنىڭ جىنايى جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ بىردەك توغرا يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەندە ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە بولمىسا ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ.

ئەستايىدىل ۋە ئىنچىكە بولۇش تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا مەسئۇلىيەتچانلىق دېگەنلىك.

پېنسىيەگە چىققان جاڭ بياۋ 2016 - يىلى ئالاھىدە تەكلىپلىك تەپتىش سالاھىيىتى بىلەن چىگىش - قىيىن بىر ئەرز دېلوسىنى بېجىرىشكە ياردەملەشتى. بۇ دېلونىڭ دېلو ئەھۋالى بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، جاڭ بياۋ دېلو بېجىرىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن كۆپ جايغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىپ، دېلو تەھلىل قىلىش يىغىنىدا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دېلو بېجىرىش گۇرۇپپىسىغا چارە - تەدبىر كۆرسەتتى.

بىر قېتىم، دېلو بېجىرىش گۇرۇپپىسى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سىرتقا تەكشۈرۈپ ئىسپات ئېلىشقا بارماقچى بولغاندا، جاڭ بياۋ مەلۇم سەۋەبتىن بىللە بارالماي قالدى، لېكىن ئۇ ئەتىگەندىلا ئايرودرومغا بېرىپ، دېلو بېجىرىش گۇرۇپپىسىدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە دېلو ئەھۋالىنى رەتلەپ، تەكشۈرۈش يۆنىلىشىنى بېكىتتى.

«جاڭ مۇئەللىم قارىماققا ناھايىتى ياۋاش كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئىش قىلغاندا ناھايىتى ئەستايىدىل، قېتىرقىنىپ قىلىدۇ، ھەتتا بەزىدە يەنە قاتتىق قول بولۇپ كېتىدۇ.» ئىزچىل جاڭ بياۋنى ئۇستاز بىلىپ كەلگەن شىخەنزە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار ئىجرائىيە بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى، ئىشتاتلىق تەپتىش ئەمەلدارى گاۋ چېن مۇنداق دېدى: بېجىرىش قىيىن بولغان نۇرغۇن دېلونى جاڭ مۇئەللىمگە تاپشۇرساقلا، ئۇ قەتئىي بوشاشماي، ئاخىرغىچە بەل قويۇۋەتمەي بېجىرىدۇ.

### ■ نازارەت قىلىشتا كىچىككىنە گۇمانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق

ئەستايىدىل، قېتىرقىنىپ خىزمەت قىلىش ئىستىلى جاڭ بياۋغا باشتىن - ئاخىر ھەمراھ بولدى.

«مېنىڭ ۋەزىپەم جىنايەتچىنىڭ قانۇن بويىچە جازا ئۆتىگەن - ئۆتىمىگەنلىكىگە قاراش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى نازارەت قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاماقتىكى كىشىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تەرتىپىنى قوغداش.» جاڭ بياۋ مۇنداق دېدى: بۇ جەرياندا قىلچە بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدۇ ھەم ئۇۋال قىلماسلىق، ھەم بوش قويۇۋەتمەسلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

2008 - يىلى 6 - ئايدا، جاڭ بياۋ بىلەن خىزمەتداشلىرى تۈرمىنى كۆزىتىپ تەكشۈردى. قاماقتا تۇرۇۋاتقان ۋاڭ X جاڭ بياۋنى ئىزدەپ، ھۆكۈمنامىدە جىنايى جازا مۇددىتىنى ھېسابلاشتا خاتالىق بارلىقىنى، ئۆزىگە سەككىز ئاينى ئارتۇق ھېسابلاپ قويغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى.

جاڭ بياۋ دەرھال ئالاقىدار قانۇن ھۆججەتلىرىنى ئالدۇرۇپ كۆرۈپ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئەسلى ھۆكۈمدىكى جازا مۇددىتىدە ھەقىقەتەن ھېسابلاش خاتالىقى كۆرۈلگەنلىكىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن، جاڭ بياۋ دەرھال بۇ ئەھۋالنى مەھكىمە رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدى ھەم ئەسلىدىكى سوتلىغان سوت مەھكىمىسىگە ئالاقە ئەۋەتىپ تۈزىتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ئەسلىدىكى سوتلىغان سوت مەھكىمىسى ناھايىتى تېزلا كېسىم چىقىرىپ، خاتالىقنى تۈزەتتى.

2010 - يىلى 6 - ئايدا، بىر تونۇشى جاڭ بياۋنىڭ ئىشخانىسىغا كېلىپ، دۇدۇقلاپ ناھايىتى تەستە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بىر تۇغقىنى قەستەن زەخىملەندۈرۈش جىنايىتى بىلەن، مۇددەتلىك بەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، شىخەنزە تۈرمىسىدە جازا ئۆتەۋاتقان ئىكەن. بۇ قاماقتىكى ئادەم جازا مۇددىتى توشۇپ قويۇپ بېرىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، دەل ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولۇپ، تونۇشى ئۆزىنىڭ تۇغقىنىنى بىر كۈن بۇرۇن قويۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈن يىغىلىشىغا قاتنىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىنى ئېيتتى.

جاڭ بياۋ قارشى تەرەپنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. بۇ ئىشتىن كېيىن جاڭ بياۋ مۇنداق دېدى: مەنمۇ بىر دادا، ئاتا - ئانىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمەن، بىراق قانۇننى ھەرگىز شەخسىي ھېسسىيات سەۋەبىدىن ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

«مەن ئەمدىلا خىزمەتكە قاتناشقاندا، پېشقەدەملەر قانۇن خىزمىتى ئىشلىگەندە چوقۇم قاتتىق، ئەستايىدىل، ئىنچىكە بولۇش كېرەك، دەپ قايتا - قايتا تەكىتلىگەن.» جاڭ بياۋنىڭ ئېيتىشىچە، دەل مۇشۇ تاپىلاشلارغا ئەمەل قىلىپ، ئۇ ئەزەلدىن قىلچە بېپەرۋالىق قىلمىغان.

### ■ قانۇنچىللىق روھىنى كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈش

2011 - يىلى، جاڭ بياۋ پېنسىيەگە چىقتى، بىراق ئۇ بىكار قالمىدى، ھەرقايسى جايلاردىكى ئاممىدىن كەلگەن خەت، تېلېفونلار ئۈزۈلمىدى، شۇڭا، جاڭ بياۋ يان تېلېفون نومۇرىنى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتمىدى.

جاڭ بياۋ ئۆزىنىڭ رەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ھەر قېتىم ئاممىدىن كەلگەن دەۋا - تەلەپ خەتلىرىنى كۆرگىنىدە، ئۇلار بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

جاڭ بياۋنىڭ ئۆيىدە، مەخسۇس ئاممىدىن كەلگەن خەتلەرنى قويىدىغان بىر ئېغىز ئۆي بار. جاڭ بياۋ دائىم بۇ خەتلەرنى كۆرىدۇ ھەم بىر - بىرلەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ. بەزىدە ئامما ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە كېلىدۇ. ۋاقىت يار بەرسىلا، جاڭ بياۋ ھەمىشە سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، ئاندىن مەسىلىلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىدۇ. ئاممىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە، جاڭ بياۋ سەۋرچانلىق بىلەن قارشى تەرەپكە قانۇن بىلىملىرىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«ئاممىنىڭ ‹ئەستايىدىل› بولغانلىقى كۆپچىلىكنىڭ قانۇنچىللىق قارىشىنىڭ كۈچەيگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قانۇن ئارقىلىق قوغداش ئېڭىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسكەنلىكىنى، قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنىڭمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.» جاڭ بياۋنىڭ ئېيتىشىچە، پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن ئۇ دائىم ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىگەن، بۇنىڭ ھەممىسى قىلچە بېپەرۋالىق قىلمايدىغان، بوشاشمايدىغان، چىدامىلىق تېخىمۇ كۆپ تەپتىش سىستېمىسى خىزمەتچى - خادىملىرىنى تەربىيەلەش ئۈچۈن بولۇپ، قانۇنچىللىق روھىنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان.

چوڭ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ياڭراق چىقىدۇ، ئىرادىسى يۈكسەك كىشىلەر يىراقنى ئويلايدۇ. 2014 - يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پېنسىيەگە چىققان جاڭ بياۋنى ئالاھىدە تەكلىپلىك تەپتىشلىككە تەكلىپ قىلدى ھەم ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئىشخانا تەسىس قىلدى؛ شىخەنزە شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى «جاڭ بياۋ مۇرەسسە ئىشخانىسى»نى تەسىس قىلدى؛ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۈرمە - سولاقخانا تەپتىش تارماقلىرىدا «جاڭ بياۋ ئىش ئورنى» تەسىس قىلىندى.

# ئالاتاۋدا چېگرادىن كىرىپ - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 10 مىڭ قېتىمدىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ترانسپورت لىنىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، نۆۋەتچى پويىزدا توشۇلىدىغان يۈك تۈرلىرىمۇ بارغانسېرى مول-لاشتى، ئەڭ دەسلەپكى ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار، پىرىنتېر، خاتىرە كومپيۇتېردىن ھازىرقى يېمەكلىك، قىزىل ھاراق، ئاپتوموبىل، كىيىم - كېچەك، تۈرلۈك مال قاتارلىق 200 خىلدىن ئارتۇق تاۋارغا كېڭەيدى، ترانسپورت قوشۇلما قىممىتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى.

قۇرۇقلۇق يولى ئىمپورت - ئېكسپورت ماللىرى خەلقئارا ترانسپورت ۋاكالەتچىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىنجاڭ ئالاتاۋ جىبېيەن ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك شىركىتىنىڭ كەسپىي دىرېكتورى يۈ سۈڭ مۇنداق بىلدۈردى: ئىلگىرى غەربتىن چېگرادىن چىقىدىغان تۆمۈريول راۋان ئەمەس، پويىزنىڭ توشۇش كۈچى ئاز، كەسىپ تەرتىپى كۆپ ئىدى، بىر - ئىككى كۈن نۇرغۇن ئورۇنغا قاتراپ ئاندىن تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئالاقىدار رەسمىيەتلەرنى بېجىرەلەيتتۇق، ماللارنى ئالاتاۋ پورتىدا بىر نۆۋەتچى پويىز توشقىچە ساقلاپ ئاندىن يولغا سالالايتتۇق. ھازىر تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشتىكى تۈرلۈك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە پەقەت يېرىم سائەتلا ۋاقىت كېتىدۇ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ توشۇش كۈچىمۇ زور دەرىجىدە ئاشتى، يۈرۈش ۋاقتى تېخىمۇ قىسقا بولۇپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغنى قايتۇرۇۋېلىش سۈرئىتى تېزلەشتى.

جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ تاموژنىدىن ئۆتۈش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئالاتاۋ تاموژنىسى پويىزنى تېخنىكىلىق تەكشۈرۈش ۋە نۆۋەتچىلىكنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋاقتىنى ئىلگىرىكى 40 مىنۇتتىن 20 مىنۇتقا قىسقارتتى؛ تالون مەشغۇلات تەرتىپىنى ئۈنۈملۈك ئۆزگەرتىپ، پورتنىڭ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈش ۋاقتىنى ئەسلىدىكى 12 سائەتتىن ئالتە سائەت ئىچىگە قىسقارتتى؛ كونتېينېرلىق نۆۋەتچى پويىزلارنى ئالماشتۇرۇش ۋاقتىنى ئالتە سائەت ئىچىدە كونترول قىلىپ، پۈتۈن نۆۋەتچى پويىزنىڭ ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش ۋاقتىنى 30 سائەت ئىچىدە كونترول قىلىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرىنىڭ تاموژنىدىن تېز ئۆتۈشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ پورتتا توختاش ۋاقتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قىسقارتىپ، جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ترانسپورت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالاتاۋ تاموژنىسى مەخسۇس كۆزنەك تەسىس قىلىش، ئالدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈش، 24 سائەتلىك مەشغۇلات ئەندىزىسى قاتارلىق بىر قاتار تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشكە قولايلىق يارىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، 365 كۈن توختىماسلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، نۆۋەتچى پويىز كەلگەن ھامان يولغا سېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى» دېدى ئالاتاۋ تاموژنىسى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش 2 - بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى داڭ شاۋفېي.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان، شەرقتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىرى جايلىرىدىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرگە تۇتاشقان، غەربتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت، رۇسىيە ھەمدە ياۋروپاغا تۇتاشقان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى «تۆمۈريول قاتنىشى چەمبىرىكى»نى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى.

# مەدەنىيەت پائالىيىتىدە سەرخىل ئويۇنلار ئۈزۈلمىدى
# ۋەتەننىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

10 - ئاينىڭ 1 -، 2 - كۈنىلا كىتاب ئارىيەت ئېلىش، قايتۇرۇش قېتىم سانى 18 مىڭ قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەن. ئىگىلىنىشچە، دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، بۇ كۇتۇپخانا نەسىر ئوقۇش يىغىلىشى، ئادەم قونچاق تىياتىرى، يېڭى كىتابلارنى تونۇشتۇرۇش قاتارلىق 12 مەيدان پائالىيەت ئۆتكۈزگەن.

ئاۋاتلىشىپ كەتكىنى يېڭىدىن ئېچىلغان شىنجاڭ كۇتۇپخانىسى بولۇپلا قالماي، «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» «يامىشىپ چىققۇچى» «جۇڭگولۇق ئايروپىلان باشلىقى» قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدىكى كىنولارنىڭ قويۇلۇشى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتقان بولۇپ، ھەرقايسى چوڭ كىنوخانىلاردا ھەربىر مەيدان دېگۈدەك ئادەم بىلەن لىق تولدى.

10 - ئاينىڭ 4 - كۈنى سائەت 20 ئەتراپىدا، خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئۆچىرەتتە تۇرۇپ ساقلاش رايونىدا، ئادەم مىغىلداپ تۇراتتى، نۇرغۇن كىشى دۆلەت بايرىقىنى تۇتۇپ «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم»نىڭ ئېلانى ئالدىدا بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايونى) جۇڭيا شىمالىي يولى كوچىسى جياۋدۇڭ مەھەللىسىنىڭ پائالىيەت ئۆيى خۇشال ناخشا ۋە كۈلكە - چاقچاققا تولغان بولۇپ، ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنى قويۇش پائالىيىتى بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. ئۇسسۇل «جۇڭخۇاغا مەدھىيە» «خۇشاللىق» «ياشلىقتىكى ھاياتىي كۈچ»، ناخشا «سېنى سۆيىمەن جۇڭگو» «مەن بىلەن شىنجاڭغا بارغىن» «قۇياش چىقىپ شادلاندۇق»، خۇشال شار ئويۇنى قاتارلىق نومۇرلار قالتىس، رەڭدار بولۇپ، تاماشىبىنلار خۇشاللىقتىن توختىماي ئالقىش ياڭراتتى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، شىنجاڭ سەنئەت يۇرتى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ مەدەنىيەت ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش ئويۇن قويۇش كىچىك ئەترىتى يوپۇرغا ناھىيەسى يەكشەنبە بازار بازىرىنىڭ دۆڭئېرىق كەنتى، چۇرۇچ كەنتىگە كېلىپ، كەنت ئاھالىلىرىگە «گۈللىنىش دەۋرىدىكى شادلىق ناخشىسى» «ئانام جۇڭخۇا» «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ياخشى» «كەنتتە تۇرۇش ناخشىسى» «ئاشۇ يىراق جايدا» «بەختلىك جۇڭگو بىلەن بىللە مېڭىش» قاتارلىق كوللېكتىپ ئۇسسۇل، يالغۇز كىشىلىك ناخشا، تەسۋىرىي ئويۇن قاتارلىق نومۇرلارنى ئېلىپ كەلدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك جىڭجۈ تىياتىرى ئۆمىكى (شىنجاڭ جىڭجۈ تىياتىرى ئۆمىكى) تەييارلىغان ۋەتەنگە بەخت تىلەش «جۇڭخۇا شيۈن» جىڭجۈ تىياتىرى مەخسۇس كېچىلىكى، 10 - ئاينىڭ 5 -، 6 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت يۇرتى تىياتىرخانىسىدا ئىككى كۈن قويۇلدى. ئاساسلىق نومۇرلاردىن «گۈيفېينىڭ مەست بولۇشى» «شاجياباڭ. ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىش» «دۇجۇەنشەن. بۈيۈك ئىرادە» «تيەننۈ سەنخۇا» «ياڭ ئائىلىسىدىكى ئايال سەركەردە. جىلغا چارلاش» «جياڭ ھەدە. قىزىل بايراق كەشتىلەش» «قىزىل چىراغ خاتىرىسى. ئادەم بولساڭ موشۇنداق ئادەم بول» «جۇڭخۇا شيۈن» قاتارلىقلار بار.

بۇنىڭدىن سىرت، «مەن جۇمھۇرىيەت بىلەن باتۇرانە ئىلگىرىلەيمەن» باش تېمىسىدىكى فوتو سۈرەت، ھۆسنخەت، رەسىم ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئالاتاۋ پورتى مەركىزىي شەھەر كۆرگەزمىخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى؛ ئارشاڭ ناھىيەلىك كۇتۇپخانا ھەرقايسى يېزا، بازار، مەيدان، كەنتلەردە «بىزنىڭ جۇڭگو ئارزۇيىمىز مەدەنىيەتنى تۆمەنلىگەن ئائىلىگە يەتكۈزۈش» جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش كىتاب تونۇشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كۇتۇپخانا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش كىتابلىرى مەخسۇس كۆرگەزمىسى، «دۆلەت بايرىمىنى كۈتۈۋېلىش، ۋەتەننى مەدھىيەلەش، شانلىق پارتىيە تارىخى كىتاب كۆرگەزمىسى» ھەمدە «ئېتىقادنىڭ كۈچى — جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى» قىزىل باش تېمىلىق كۆرگەزمىنى تەشكىللىدى؛ 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - كۈنىگىچە، گۇچۇڭ ناھىيەسى جامبۇلاق مەنزىرە رايونى كۈزلۈك يىغىم پەسلى — دۆلەت بايرىمىلىق مەخسۇس ئويۇن قويۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى.

تاش قاتما كۆرگەزمىسى، جۇخارگۈلى كۆرگەزمىسى، «مېنىڭ خۇشەن توغرىسىدىكى ئەسلىمەم» سۈرەت كۆرگەزمىسى، خۇشەن چىراغ نۇرى كۆرگەزمىسى... ئۈرۈمچى شەھىرى خۇشەن باغچىسىدا، نۇرغۇن يېڭى، كونا سۈرەتلەر سېلىشتۇرمىسى ساياھەتچىلەر ۋە شەھەر ئاھالىلىرىگە ئۈرۈمچىنىڭ كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئۆزگىرىشلىرىنى ھېس قىلدۇردى. «تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى 75 ياشلىق جاڭ گوفېڭ بوۋاي ناھايىتى ھاياجانلانغان ھالدا.

ئىگىلىنىشچە، دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى يەنە خەتتاتلار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىدىن كىچىك ئەترەت تەشكىللەپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك نان مەدەنىيىتى كەسپىلەر باغچىسى، خەلق باغچىسى، باللار باغچىسى قاتارلىقلارغا بېرىپ، ئۇلۇغ ۋەتەننى، خەلقنىڭ بەختىيار تۇرمۇشىنى مەدھىيەلەشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىپ، دۈيلىيەن يېزىش، ئويۇن قويۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق مەدەنىيەت ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان.

# ئالدىنقى توققۇز ئايدا شىنجاڭدا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 180 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

بۇ يىل، شىنجاڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى پايدىسىدىن داۋاملىق ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ساياھەت تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ يۇقىرىما تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىش ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالغان. ئالدىنقى سەككىز ئايدا، كۈتۈۋېلىنغان دۆلەت ئىچى، سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچى 149 مىليون 280 مىڭ ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.91% ئاشقان؛ 242 مىليارد 913 مىليون يۈەن ساياھەت كىرىمى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.28% ئاشقان.

9 - ئايدىن بۇيان، شىنجاڭ كۈز ھاۋاسى ساپ، سالقىن، رەڭدار پەسىلگە كىرىپ، زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچىنى كېلىپ سەيلە - ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلدى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھەرقايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن مول مەزمۇنلۇق ساياھەت بايرىمىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى كىشىلەرنى يىغىپ، ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلدى، مەسىلەن: جۇڭچيۇلۇق قىسقا دەم ئېلىش، جۇڭگو دېھقانلار مول ھوسۇل بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ھەرقايسى جايلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئاي تاماشىسى قىلىش، مول ھوسۇل بايرىمى پائالىيىتىدەك ئېسىل پائالىيەتلەر ئۈزۈلمەي، ساياھەتچى كۈتۈۋېلىش مىقدارى، ساياھەت كىرىمىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. 9 - ئايدا، پۈتۈن شىنجاڭدا جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 34 مىليون 569 مىڭ 600 ئادەم قېتىم بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 40.86% ئاشتى؛ 61 مىليارد 725 مىليون يۈەن ساياھەت كىرىمى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 38.94% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەر، تارباغاتاي، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى مىقدارىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئېشىش نىسبىتى 50%تىن ئېشىپ كەتتى، خوتەندە كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى سانى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن كۆپىيىپ، 171.32%كە يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 10 - ئاي كىرىشى بىلەن، ئالتۇن كۈزدە توغراقنى تاماشا قىلىش ئاساس قىلىنغان كۈزلۈك ساياھەت زور تۈركۈمدىكى ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى، بۇنىڭغا قوشۇلۇپ دۆلەت بايرىمىلىق دەم ئېلىش ساياھىتىنىڭ كۈچلۈك تۈرتكىسىدە، شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك تەرەققىياتى يەنە داۋاملىشىدۇ، مۆلچەرلىنىشچە، 10 - ئايدا ساياھەتچى كۈتۈۋېلىش مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن يەنىلا مۇقىم ئېشىپ، ساياھەتچى كۈتۈۋېلىش مىقدارىنىڭ 19 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىشىدىن، ساياھەت كىرىمىنىڭ 44 مىليارد يۈەنگە يېتىشىدىن ئۈمىد بار ئىكەن.